# ھەرەمدە رامىزان دۇئاسى

www·islamyoli·net

رامىزان ئېيىدا مەسجىدى ھەرەمدا قىلىنغان خەتمە قۇرئان دۇئاسىنىڭ تەرجىمىسى

بسم الله الرحمن الرحيم

جەلال ۋە جەمال سۈپەتلىرىدە يالغۇز بولغان ئاللاھ راست سۆزلىدى. ئاللاھ پۈتۈن ئەھۋاللارنى ئىجمالىي ۋە تەپسىلىي تەسەررۇپ قىلىشتا يالغۇزدۇر. ئۇ ئۆز ئەزەمەتى ۋە ئۇلۇغلىقى بىلەن پەيغەمبىرىگە قۇرئان كەرىمنى ئالەملەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ نازىل قىلدى. ئۇنىڭ ئىنسان ۋە جىندىن ئىبارەت پۈتۈن مەخلۇقلىرىغا خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى توغرا سۆزلىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بولسا ئىنسانلارنى ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا چاقىرغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ يوللىرىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراقدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ توغرا سۆزلىدى. ئۇ نېمەت بەرگۈچى، ھەلىم ۋە بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئەزەمىتى ئالدىدا پۈتۈن باشلار ئېگىلگەن ۋە ئۇنىڭ ھەيبىتى ئالدىدا پۈتۈن قىيىنچىلىقلار يوق بولغاندۇر. ئۇ پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. سەبەپلەرنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنى توپىراقتىن ياراتقاندۇر. ئاللاھ توغرا سۆزلىدى، ئۇنىڭدىنمۇ توغرا سۆزلەيدىغان كىم بار؟ ئاللاھ توغرا سۆزلىدى. ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى، رەھىم قىلغۇچى، پۈتۈن دۇنيانى باشقۇرغۇچى، سالامەتچىلىك بەرگۈچى ۋە كەرەملىكتۇر. ئۇ قەتئىي ئۆلمەيدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۇلۇغلۇق ۋە كەرەمنىڭ ئىگىسىدۇر. بىز پەرۋەردىگارىمىز، ياراتقۇچىمىز ۋە رىزىق بەرگۈچىمىز بولغان ئاللاھنىڭ توغرا سۆزلىگەنلىكىگە گۇۋاھچىمىز. ئۇنىڭ نازىل قىلغان ئۇلۇغ كالامىغا ئىنكار قىلغۇچىلاردىن ئەمەسمىز. پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا سانسىز شۈكرى قىلىمىز. ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ، ئۇنىڭ ئاتىلىرى ئادەم ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ، ئۇنىڭ ئەھلى ئەۋلادلىرىغا ، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت قىلىشىنى تىلەيمىز. ئى كەرەملىك ئاللاھ ئەفۋىڭ ۋە سېخىلىقىڭ بىلەن بىزگە رەھىم قىلغىن. ئى ئاللاھ بىزگە قۇرئان كەرىم بىلەن مەنپەئەتلىنىشنى نىسىپ قىلغىن. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مەرتىۋىمىزنى كۆتۈرگىن. قۇرئان شۇنداق ئۇلۇغ كىتابتۇركى، سەن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەڭ يۇقىرى قىلدىڭ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى كۈچلەندۈردىڭ. ئى سۆزلەرنىڭ سۇلتانى ئاللاھ! سەن قۇرئان ھەققىدە بىز [جەبرائىلغا قۇرئاننى ئوقۇتقاندا] ئۇنى تىڭشىغىن، كېيىن ئۇنى بايان قىلىش بىزنىڭ ئۈستىمىزگىدۇر دېدىڭ. ئۇ سېنىڭ كىتابلىرىڭنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغراقى، كالامدا ئەڭ پاساھەتلىكرەكى ۋە ھالال ـ ھارامنى بايان قىلىشتا ئەڭ ئوچۇقراقىدۇر. ئۇنىڭ ھۆججەتلىرى ئاشكارا، كەم ـ زىيادىلىكتىن ساقلانغان، ئۇنىڭدا خۇش خەۋەر، ئاگاھلاندۇرۇش، قورقىتىش ۋە تەھدىت قىلىش باردۇر. ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينى ھېچبىر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا باتىل يېقىنلىشالمايدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ھېكمىتىنى بىلگۈچى ۋە پۈتۈن گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نەزدىدىن نازىل بولغاندۇر.

ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇنىڭ ھالالىنى ھالال، ھارامىنى ھارام قىلىدىغان، ئۇنىڭ مۇھكەم ئايەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان ، مۇتەشابىھ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇنى سېنى بىزدىن رازى قىلىدىغان شەكىلدە ئوقۇيدىغان كىشىلەردىن قىلغىن. ئى كەرەملىك ئاللاھ بىزنى قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن. ھەرپلىرىنى ئوقۇپ ، ھۆكۈملىرىنى زايا قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلمىغىن. ئى ئاللاھ بىزلەرنى قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىش ئارقىلىق سېنىڭ رازىلىقىڭغا ۋە جەننىتىڭگە يەتكەن كىشىلەردىن قىلغىن ۋە بىزلەرنى قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇپ بېشىنى دوزاختا تىققانلاردىن قىلمىغىن. ئى ئاللاھ قۇرئان ئارقىلىق بىزلەرگە ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى نىسىپ قىلغىن. بىزلەرنى قۇرئان ئارقىلىق بەخت - سائادەتكە ئېرىشكەن كىشىلەر قاتارىغا قوشقىن. ئى ئاللاھ بىز سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمىز، سېنىڭ قۇلۇڭنىڭ ئەۋلادلىرىمىز، تىزگىنىمىز سېنىڭ قولۇڭدا، سېنىڭ ھۆكمىڭ بىزگە يۈرىدۇ، بىزنىڭ ھەققىمىزدىكى ھۆكۈملىرىڭ ئادالەتتۇر.

ئى ئاللاھ سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان، ياكى كىتابىتا نازىل قىلغان، ياكى خەلقلىرىڭدىن بىرىگە بىلدۈرگەن، ياكى ئۆز نەزدىڭدە غەيب ئىلمىڭدە ساقلىغان پۈتۈن ئىسىملىرىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنى قەلبلىرىمىزنىڭ باھارى، كۆڭلىمىزنىڭ نۇرى، غەم - قايغۇلىرىمىزنى تۈگەتكۈچى، بىزلەرنى ساڭا باشلىغۇچى ۋە ئىچى نېمەتلەر بىلەن تولغان جەننىتىڭگە ئۇلاشتۇرغۇچى قىلىشىڭنى تىلەيمىز. ئىئاللاھ ئۇ قۇرئان بىلەن بىزنى زىننەتلىگىن. ئۇنىڭ بىلەن بىزنى ئەرشىنىڭ سايىسىدە تۇرغۇزغىن. ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خاپىلىقلىرىمىزنى يوق قىلغىن. ئۇنىڭ بىلەن بىزگە نېمەتلىرىڭنى تولۇقلىغىن. بىزنى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىلەن قۇرتۇلغۇچىلاردىن قىلغىن. بىزنى شەيتانلار ئازدۇرغان، دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دىنىنى تەرك ئەتكەن، كېيىن پۇشمان بولغان ۋە ئاخىرەتتە زىيانكارلاردىن بولغانلاردىن قىلمىغىن. ئى ئاللاھ قۇرئاننى قەلبلىرىمىزگە نۇر، كۆزلىرىمىزگە يورۇقلۇق، گۇناھلىرىمىزنى يوقاتقۇچى ۋە دوزاختىن قۇتقۇزغۇچى قىلغىن. ئۇنى كېچە - كۈندۈز ھەر زامان ئوقۇشنى نىسىپ قىلغىن. ئى چەكسىز مېھرىبان ئاللاھ بىزگە قۇرئاننى سېنى بىزدىن رازى قىلىدىغان شەكىلدە ئوقۇشنى ئاتا قىلغىن. ئى ئاللاھ بىزنى سەن ھىدايەت قىلغان كىشىلەر قاتارىدا ھىدايەت قىلغىن، ئافىيەتتە قىلغان كىشىلەر قاتارىدا ئافىيەتتە قىلغىن، سەن ھۆكۈم قىلغان نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن بىزلەرنى ساقلىغىن، ھەقىقەتەن سەن ھۆكۈم قىلىسەن، ساڭا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، سەن دوست تۇتقان كىشى خار بولمايدۇ، سەن دۈشمەن بولغان كىشى ئېزىز بولمايدۇ.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكسەنكى سەن، سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭگە ساڭا ھەمدۇ - سانا ئېيتىمىز، بەرگەن نېمەتلىرىڭگە شۈكرى قىلىمىز، پۈتۈن گۇناھلىرىمىزغا مەغفىرەت تىلەيمىز ۋە ساڭا چىن قەلبىمىزدىن تەۋبە قىلىمىز، سەندىن باشقا ئىلتىجا قىلىدىغان ۋە پاناھىغا سىغىنىدىغان كىشىمىز يوق. ئى ئاللاھ بىزگە شۇندان بىرنەرسە ئاتا قىلغىنكى؛ ئۇ بىز بىلەن ساڭا ئاسىي بولىدىغان ئىشلار ئارىسىدا توسۇق بولسۇن، تائەت - ئىبادىتىڭدىن شۇنداق بىرنەرسە ئاتا قىلغىنكى؛ ئۇ بىزنى ئۇدۇل جەننەتكە يەتكۈزسۇن، چىن ئىماندىن شۇنداق بىرنەرسە بەرگىنكى؛ ئۇنىڭ بىلەن دۇنيا مۇسىبەتلىرى يەڭگىللىشىپ كەتسۇن، بىزنى ھايات ياشاتقان مۇددەت بويىچە قۇلاقلىرىمىز، كۆزلىرىمىز ۋە كۈچلىرىمىزدىن تولغىرا مەنپەئەتلەندۈرگىن. بىزدىن ياخشى مىراسچىلار قىلغىن، ئىنتىقامىمىزنى بىزگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ ئۈستىگە قىلغىن، بىزگە دۈشمەن بولغانلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلغىن. مۇسىبەتىمىزنى دىنىمىزدا قىلمىغىن، دۇنيانى ئەڭ چوڭ ھىممىتىمىز ۋە ئىلمىمىزنىڭ

مەقسىتى قىلمىغىن. بىزنىڭ بارىدىغان يېرىمىزنى دوزاخ قىلمىغىن. ئاخىرەتتە ئورنىمىزنى جەننەت قىلغىن. ئى چەكسىز مېھرىبان ئاللاھ گۇناھلىرىمىزنىڭ سەۋەبى بىلەن سەندىن قورقمايدىغان ۋە بىزگە رەھىم قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئۈستىمىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن.

ئى ئاللاھ ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئېزىز قىلغىن، شېرىكنى ۋە مۇشرىكلارنى خار قىلغىن، دىن دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغىن. ئى چەكسىز مېھرىبان ئاللاھ ۋەتىنىمىزنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنلىرىنى ئەمىن ۋە خاتىرجەم قىلغىن. ئى ئاللاھ بىزگە يامانلىق قىلىشنى خالىغانلارنى ئۆز ئارىسىدا زىيانكارلىققا ئۇچراتقىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئۆز ئىچىدە بۇزۇۋەتكىن، سەن پۈتۈن دۇئالارنى ئىشىتكۈچىسەن، ئى ئاللاھ دىنىڭغا ، كىتابىڭغا، پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتىگە ۋە مۆمىن قۇللىرىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن. ئى ئاللاھ بۇ دىننى كېچە ـ كۈندۈز بولىدىغان ھەر يەرگە ئۇلاشتۇرغىن. بۇ دىننى پۈتۈن ئۆيلەرگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئېزىزلارنى ئېزىز، خارلارنى خار قىلغىن. ئى دۇئالارنى ئىشىتكۈچى ئاللاھ ئىسلام بىلەن ئېزىزلارنى ئېزىز قىلغىن. خارلارنى كۇفرى بىلەن خار قىلغىن. ئى ئاللاھ دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارغا ياردەم قىلغىن. ئۇلارغا تېز پۇرسەتتە نۇسرەت ۋە قۇتۇلۇش نېسىپ قىلغىن. ئى كەرەملىك ئاللاھ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلمىغىن، ئى ھايات ۋە قەييۇم بولغان ئاللاھ ئۇلارنى غالىپ قىلىش ۋە شەرىئىتىڭنىڭ ھاكىم بولۇشى بىلەن كۆڭلىمىزنى خوشنۇد قىلغىن. ئى ئاللاھ بەيتۇلمەقدىسنى ئۇ نىجىسلاردىن تازىلىغىن. ئى ئاللاھ ئۇ نىجىسلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزغىن. ئى قۇدرەتلىك ئېزىز ئاللاھ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى قايدۇرغىن. ئى ئاللاھ ئۇلارنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا غەنىمەت قىلغىن. ئى ئاللاھ باشلىقلىرىمىزنى سەن رازى بولىدىغان ۋە سەن سۆيىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەففەق قىلغىن. ئۇلارغا ئىففەت ۋە تەقۋانى رىزىق قىلىپ بەرگىن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامانلىقلاردىن ئۇزاقلاشتۇرغىن. ئى كەرەملىك ئاللاھ ئۇلارنى ئىسلاھ قىلغىن. چۈنكى ئۇلار تۈزۈلسە مۇسۇلمانلار تۈزۈلىدۇ. ئى كەرەملىك ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلارنى ياخشى يولغا باشلايدىغان ۋە يامان يولدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ياخشى دوست ئاتا قىلغىن. مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىنى ئىسلاھ قىلغىن. ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنى بىرلەشتۈرگىن. ئى ئاللاھ سەن ئەفۋە قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، بىزلەرنى ئەفۋە قىلغىن. ئى ئاللاھ سەن ئەفۋە قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، بىزلەرنى ئەفۋە قىلغىن. ئى ئاللاھ سەن ئەفۋە قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، بىزلەرنى ئەفۋە قىلغىن. ئى ئاللاھ ئاجىزلىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قېرىلىقتىن ۋە قەبرى ئازابىدىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمىز. ئى ئاللاھ قورقمايدىغان قەلبتىن، پايدا قىلمايدىغان ئىلىمدىن، تويمايدىغان نەپسىدىن، ياش تۆكمەيدىغان كۆزدىن، ئىجابەت بولمايدىغان دۇئادىن سېنىڭ دەرگاھىڭغا سېغىنىمىز. ئى ئاللاھ نەپسلىرىمىزگە تەقۋالىق بەرگىن ۋە ئۇنى پاكلىغىن. چۈنكى سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن. سەن ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە خوجىسىسەن. ئى ئاللاھ ساڭا تەسلىم بولدۇق ۋە ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق. ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، سەن ئۈچۈن مۇجادىلە قىلدۇق. ئى ئاللاھ سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن بىزنى ئازدۇرۇشىڭدىن پاناھ تىلەيمىز. سەن ھاياتتۇرسەن، قەتئى ئۆلمەيسەن. ئىنسانلار ۋە جىنلار ئۆلىدۇ. ئى ئاللاھ ئويلاپ قىلغان ۋە ئويلىماستىن قىلغان گۇناھلىرىمىزنى، خاتا قىلىپ سالغان ۋە قەستەن قىلغان گۇناھلىرىمىزنى ۋە ئىشلىرىمىزدا ئىسراپ ئەتكەن گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن. بۇ گۇناھلارنىڭ ھەممىسى بىزدە باردۇر، سەن ئۇلارنى كەچۈرگىن. ئى ئاللاھ ئىلگىرى قىلغان ۋە كېيىن قىلغان، مەخپى

قىلغان ۋە ئاشكارا قىلغان ۋە سەن بىزدىن ياخشىراق بىلىدىغان پۈتۈن گۇناھلىرىمىزنى
مەغفىرەت قىلغىن. چۈنكى سەن ئاۋۋال ۋە ئاخىرسەن، سېنىڭ ھەممە نەرسىگە كۈچۈڭ
يېتىدۇ. ئى ئاللاھ سەن ئەۋۋەل سەن، سەندىن بۇرۇن ھېچ نەرسە يوقتۇر. سەن ئاخىرسەن،
سەندىن كېيىن ھۆچ نەرسە يوقتۇر. سەن زاھىرسەن، سەندىن ئۈستۈن ھېچ نەرسە يوقتۇر.
سەن باتىن سەن، سېنىڭ تەھتىڭدە ھېچ نەرسە يوقتۇر. ئى ئاللاھ سەندىن بىزنى قەرزلەردىن
قۇتقۇزىشىڭنى تىلەيمىز. ئى كەرەملىك ئاللاھ بىزنى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزىشىڭنى تىلەيمىز.
ئى ئاللاھ نېمىتىڭنىڭ يوق بولىشىدىن، ئاپىيىتىڭنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن، ئازابىڭنىڭ
تۇيۇقسىز كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى سىخىلەرنىڭ ئەپ سېخىراقى بولغان ئاللاھ
غەزىۋىڭدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھ قازانىڭ يامانلىقىدىن، بالانىڭ قاتتىقلىقىدىن،
بەدبەختلىكنىڭ ئازگىلىدىن ۋە دۈشمەنلەرنىڭ خۇشال بولىشىدىن سەندىن پاناھ تىلەيمىز. ئى
ئاللاھ ھەبىبىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە سالىھ قۇللىرىڭ سەندىن تىلىگەن ياخشىلىقلارنىڭ
ھەممىنى تىلەيمىز. ھەبىبىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە سالىھ قۇللىرىڭ پاناھ تىلىگەن پۈتۈن
يامانلىلاردىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھ ھازىرقى ۋە كېيىنكى، بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان
پۈتۈن ياخشىلىقلارنى سەندىن سورايمىز. ھازىرقى ۋە كېيىنكى، بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان
پۈتۈن يامانلىقلاردىن سەندىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھ بىز بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ
يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز ۋە بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن سەندىن پانا
تىلەيمىز. ئى ئاللاھ بىز بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز ۋە بىز
بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن سەندىن پانا تىلەيمىز. سەن ئەڭ رەھىملىكدۇرسەن.
ئى ئاللاھ بۇ مۇبارەك كېچىمىزدە بىزنى كەچۈرۈم قىلغىن. ئى رەھىملىك ئاللاھ ئۆز رەھمىتىڭ
بىلەن يامان ئادەملەرنىڭ ئۈمىدىنى ياخشىلارنىڭ يېرىدىن ئۈزگىن. ئى ئاللاھ ئەگەر بۇكېچە
قەدىر كېچىسى بولغان بولسا ئۇنىڭ ساۋابىدىن بىزلەرنى مەھرۇم قىلماسلىقىڭنى تىلەيمىز.
بىزنى بۇكېچىدە دوزاختىن ئازات قىلىنغانلاردىن قىلغىن . ئى رەھىملىك ئاللاھ ئۆز رەھمىتىڭ
بىلەن بىزنى بۇكېچىدە دوزاختىن ئازات بولغانلاردىن قىلغىن. ئى ئاللاھ بىز سېنىڭ
كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە بىرىنچى ئاسمانغا چۈشۈپ «مەندىن تىلەيدىغان كىشى
بارمۇ؟ تىلىگىنىنى بېرەي، دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟ ئىجابەت قىلاي، كەچۈرۈم سورىغۇچى بارمۇ؟
كەچۈرۈم قىلاي» دەپ نىدا قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمىز.